1985
يىل
ئىيۇن
№12 (206)
باھاسى
2 تىيىن

ياشىسۇن ئازاتلىق، دوستلۇق ۋەتىنى
ئەللىككە يول ئاچقان سوۋېتلەر ئېلى!

بىزنىڭ ۋەتەن

چەت ئەللەردىكى ۋەتەنداشلار
بىلەن مەدەنىي ئالاقە باغلاش
قازاق «ۋەتەن» جەمئىيىتىنىڭ
گېزىتى

گېزىتخانلار خەتلىرىدىن

بىزگە تىنچلىق كېرەك

گېزىتنى ئوز ۋاختىدا ئەۋەتىپ تۇرغانلىقىڭلار ئۈچۈن رەخمەت ئېيتىمەن. ئۇنىڭدا ئېلان قىلىنغان خەت-خەۋەر، ماقالىلاردىن ئۆزەمنىڭ سەۋيەمنىڭ يېتىشىچە نەپ ئالماقتىمەن. مائىا روھىي ئوزۇق بولماقتا. ئۇرۇش مەردانىلىرىنىڭ باشتىن ئۆتكەزگەن قىيىنچىلىقلىرىنى، جۇمھۇرىيىتىمىزدە ئادەملەرنىڭ پاراۋانلىقى ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان ئىزگۈ ئىشلارنى، ئالىملار، يازغۇچىلار، ئەمگەك مەردانىلىرى، جەمئىيەت ئەرباپلىرى ھەققىدىكى ماقالىلارنى، ماقال-تەمسىللەرنى چەت ئەللەردىكى ۋەتەنداشلارنىڭ خەتلىرى بىلەن شېئىرلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇيمەن. مەن ئىستىقامەت قىلىدىغان يەردە ئەرەپچە ئوقۇشنى بىلىدىغانلار ئازىراق. شۇڭلاشقىمۇ گېزىتتا ئېلان قىلىنغان ماتېرىياللارنى مەزمۇنىغا قاراپ ياشلار بىلەن ياشانغانلارغا ئوقۇپ بېرىمەن. ئوتتۇرا مەكتەپنى تامام قىلغان ئىككى ئوغلۇم ئېلىپبە دەرسلىكىدىن پايدىلىنىپ، «بىزنىڭ ۋەتەننى» ئوقۇيالايدىغان بولدى. بىرسى ئالمۇتىدىكى قازاقىستان دولەت دارىلفۇنۇنىنىڭ فىلولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ ئەرەپ بۆلۈمىگە ئوقۇشقا چۈشتى.

ئۇرۇش قۇرۇۋانى بولغان ياش يازغۇچى باۋبېك بۇلقىشېۋنىڭ گېزىتنىڭ بۇ يىل فېۋرالدىكى 4-سانىدا ئېلان قىلىنغان ھايات ۋە ئۆلۈم ھەققىدىكى تەسىراتلىرىنى ئوقۇدۇم. بۇ ماقالا مېنى ئىنتايىن ھاياجانلاندۇرۇپ، قاتتىق تەسىر قىلدى.

مەرھۇم باۋبېكنىڭ قازاق خەلقىنىڭ يېتىشكەن، بىلىملىك، ئېسىل پەرزەنتلىرىگە ئېگە، ۋەتەنپەرۋەر، ئىنسانلارغا تىنچلىق ھايات، بەختلىك كېلەچەكنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئۇنىڭ كېلەچەككە دېگەن ئارمانلىق ۋەسىيەتلىرىدىن روشەن كۆرۈشكە بولىدۇ.

ئامال قانچە، مۇرات-مەخسەتكە يېتەلمەي، ياش كېتىپتۇ. ئەنە شۇنداق ئېسىل يىگىتنىڭ ۋاقىتسىز ئازاك بولۇشىغا نېمىس فاشىستلىرى ئاچقان ئۇرۇش سەۋەپ بولدى. ئەنە شۇ تۆكۈلگەن قانلار بەدىلىگە كەلگەن تىنچلىقنى ساقلاپ قېلىش يولىدا كۈرەش قىلىش بارلىغىمىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچىمىز. ئۇرۇشقا يول قويۇلمىسۇن!

مەن 1916-يىلى تۇغۇلدۇم. قارسام باۋبېك بىلەن تەڭتۇش ئىكەنمەن. ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرغان ۋەسىيەتلىرىدىن ئالغان تەسىراتلىرىمنى ئېيتىپ تۈگىتەلمەيمەن. بۇلقىشېۋنىڭ نامى بىزنىڭ قەلبىمىزدە مەڭگۈ ياشايدۇ. مىڭلىغان ئەر يۈرەك باتۇرلىرىمىز ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن جانپىدالىق بىلەن جەڭ قىلىشى ئارقىسىدا قولغا كەلگەن بۇ بەخت-تىنچلىقنى مەڭگۈ ساقلاپ قالايلى دېمەكچىمەن.

ئاقات كەربابايېۋ،
پېنسىيونېر.

زەمزە قىربابايېۋ ئۇست-كامېنوگورسك شەھىرىدىكى بىرىنچى ئاۋتوپاركتا 21 يىلدىن بېرى شوفيور بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە. ئۇ ھەر يىلى ئوز ماشىنىسىدا 100 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق يول ماڭىدۇ. زەمزە ياش شوفيورلارنىڭمۇ مەسلىھەتچىسى. سۈرەتتە: (سولدىن ئوڭغا) زەمزەنىڭ ئايالى باقىت، زەمزە، ئوغۇللىرى باۋىرجان بىلەن مەخسەتلەر.

كۆزلۈك بۇغداي يىغىۋېلىندى

تالدىقورغان. (قازتاگ) كىروۋ رايونىنىڭ ئېگىلىكلىرىدە كۆزلۈك قارا بۇغداي يىغىشتۇرۇش ئىشى تامام بولدى. ھاۋا رايىنىڭ قولايسىز شارائىتىدىمۇ قارا بۇغدايدىن ياخشى ھوسۇل ئېلىندى. ھەر گېكتاردىن 80–90 سېنتنېردىن كۆك چېپىلدى. بارلىق جايلاردا بۇ كۆكنى سېمىزلارغا بېرىشتىن كۆپ پايدا ئېلىنماقتا. «ئېگىبېكشى» سوۋخوزىدا ھازىرنىڭ ئۆزىدە پلاندىن ئاشقىرى مىڭ سېنتنېردىن ئوشۇق سۈت سېغىلدى.

كىروۋلىقلار يەم-چۆپ زاپاسىنى ھاسىل قىلىش مەخسىتىدە قارا بۇغداي تېرىلغۇسىنى كەڭەيتىشنى قارار قىلدى. سۇ بىلەن ياخشى تەمىنلەنگەن ئەڭ ئۈنۈملۈك يەرلەردە ئوزۇق مەيدانلىرى قالدۇرۇلدى، ئۇلار ياخشى پەرۋىش قىلىنماقتا. بۇ يەم-چۆپ تېرىلغۇلۇقلىرىنى يەرلىك ئوزۇق بىلەن تەمىنلەشكە ئىمكانىيەت بېرىدۇ.

ئاۋتوموبىل مارشرۇتلىرى كۆپەيدى

ئۇرال. ھازىرقى ۋاقىتتا ئوبلۇسلۇق ئاۋتوموبىل باشقارمىسىنىڭ ئاۋتوبۇسلىرى بارلىق ئۇرال تەۋەسىدە قاتنىماقتا. ئاۋتوبۇسلارنىڭ ئىككى يۈزىنچى مارشرۇتى-سول قىرغاقنىڭ ئەڭ يىراق رايون مەركىزى-قاراتوبە پوسيولكىسىغا بارىدىغان مارشرۇت ئېچىلدى. بەش يىللىق ئىچىدە ئوبلۇستا قىرىققا يېقىن يېڭى ئاۋتوبۇس مارشرۇتى پەيدا بولدى. ئاۋتوبۇس مارشرۇتلىرىنىڭ مۇنداق كەسكىن كۆپىيىشى-ئاسفالتلانغان يوللار تارمىقىنىڭ پلانلىق كېڭەيتىلىشىنىڭ، ئاۋتوستانسىيەلەر قۇرۇلۇشىنىڭ، بارلىق مەنپىياتدار تەرەپلەرنىڭ كۈچ-قۇۋۋەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈشىنىڭ نەتىجىسىدە مۇمكىن بولدى. مەسىلەن، قىشتا كۆپلىگەن سوۋخوزلار بىلەن كولخوزلاردا ئاۋتوترانسپورتچىلار ئۈچۈن ئىسسىتىلغان بولمىلەر بېرىلىدۇ. ئاۋتوموبىللارغا ماي قۇيۇش ستانسىيەلىرى ۋە كىچىك مېھمانخانىلار سانى خېلە كۆپەيدى.

(قازتاگ).

بۇلار فېستىۋالغا بارىدۇ

سېلىنوگراد شەھىرىدىكى ئۇن ئالتە مىللەت ۋەكىللىرىدىن تەشكىل قىلىنغان «ئالماگۈل» ئانسامبلى موسكۋا فېستىۋالىغا ئىشتىراك قىلىدۇ. سۈرەتتە: قازاق خەلق ئۇسسۇلى «بايرام». 2. ناخشىچى قارلىغاش ئەسمۇۋا خەلق كۆلىمىدىن چىققان ياش تالانت ئېگىسى.





بۇ دەرگاھتا تالانتلار يېتىلدۇ

قۇرمانغازى نامىدىكى ئالمۇتا دۆلەت كونسېرۋاتورىيەسى، جۇمھۇرىيەت مۇزىكا ھاياتىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. جامائەتچىلىك ئۇنىڭ 40 يىللىق بەيرىمىنى كەڭ دائىرىدە نىشانلاپ ئۆتتى.

ئۇرۇشنىڭ تاماملىنىشىغا تېـ
خى بىر يىل بار ئىدى. شۇ بىر
ئېغىر دەۋردە پارتىيە بىلەن
سوۋېت ھۆكۈمىتى ئالمۇتىدا
كونسېرۋاتورىيە ئېچىش توغرىـ
سىدا قارار قوبۇل قىلدى، بۇ
ئەلۋەتتە، سەنئەت سۆيەر جاماـ
ئەتچىلىكنىڭ جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ
مەدەنىي ھاياتىدىكى، بولۇپمۇ،
سەنئەتچىلەر ھاياتىدىكى زور
ۋەقە ئىدى. دەسلەپتە دەرسـ
لىكلەرنىڭ، مۇزىكا ئەسۋاپلىرـ
نىڭ،مۇئەللىملەرنىڭ يېتىشمەسـ
لىكى سەۋەبىدىن خېلى قىيىنچىـ
لىقلار يۈز بەردى. لېكىن يېڭىدىن
ئېچىلغان ياش سەنئەت دەرگاـ
ھىدىكى كىچىك كوللېكتىۋ ھارـ
ماستىن پائالىيەت كۆرسەتتى.

بۇ يەردە ياش كونسېرۋاتورـ
يىگە موسكۋادىكى ئالىي مۇزىكا
مەكتەپلىرى تەرىپىدىن بېرىلگەن
ياردەملەرنى ئالاھىدە تەكىتلەش
لازىم. شۇ يىللىرى ئېلىمىزنىڭ
باشقىمۇ شەھەرلىرىدىن ئوقۇتـ
قۇچىلىق خىزمەتكە كۆپلىگەن
مۇتەخەسسىس كادىرلار تەكلىپ
قىلىندى. دۆلەت پىئانىنو قاتارـ
لىق مۇزىكىلىق ئەسۋاپلارنى،
مۇزىكا تارىخى ھەم تېئورىيەسى
بويىچە ئورغۇن دەرسلىكلەر،
جاھان مۇزىكا ئەسەرلىرىنىڭ نوـ
تالىرىنى باشقا شەھەرلەردىن
كەلتۈرۈپ بەردى.

مانا شۇنىڭدىن بۇيان ئۆتكەن
40 يىل ۋاقىت ئىچىدە مەزكۇر
مۇزىكا ئالىي بىلىم يۇرتىدىن
ئۇچۇم بولغانلاردىن بەزىلىرىنىڭ
نامى پۈتكۈل ئېلىمىزگە مەلۇم
بولدى. 50ـ يىللىرى نامى چىـ
قىشقا باشلىغان ھەقىقىي تالانت
ئىگىلىرى ئى. سىرىكبايېۋ، ر.جاـ
مانوۋا، ب. تولىگېنوۋا، ش. قاـ
جىغالىيېۋ، ق. غوجامياروۋ، ئى.
مەسىموۋ، س. مۇخامېتجانوۋ
قاتارلىق بەلگىلىك ئىجراچىلار،
دىرىژورلار ۋە كومپوزىتورلار
مىللىي مۇزىكا مەدەنىيىتىمىزنىڭ
پەخرى بولۇپ قالدى.

كېيىنكى يىللاردىلا كونسېرۋاـ
تورىيەنى بىر گۇرۇپپا ئۇيغۇر
ياشلىرى تاماملىدى. ئۇلارنىڭ
ئارىسىدا سكرىپكىچىلار ئىلمان
ۋە كونسېرۋاتورىيەنىڭ دوتسېنـ
تى ئەنۋەر ئەكبەروۋلار، شۇنداـ
قلا ئاكا ـ ئۇكا كومپوزىتورلار
ھېببۇللام ۋە ئەبەيدۇللام ۋە
ئۇلارنىڭ ئاتىسى كومپوزىتور
زەينۇللام سېتەكوۋلار ئىسىملىرـ
نى ئاتاپ ئۆتۈش لازىم.

بۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ، قاـ
زاق ۋە ئۇيغۇر كەسپىي مۇزـ
كىسىدا يېڭى ئىسىملار پەيدا
بولدى. ئى. راخماديېۋ، م. مۇـ
سابايېۋ، ن. قاراجىگىتوۋ، ك.
كۇمىسبېكوۋ، ق. قاللامبېكوۋا،
ر. جۇباتىروۋا، م. ئەخمەدىيېۋلار
شۇلار جۈملىسىدىندۇر.

كېيىنكى ئون يىل مابەينىدا
دۇنياغا مەشھۇر بولغان ئە. دىـ
مىشېۋ، ئا. مۇساخوجايېۋا، چ.
ئەۋبەكىروۋا، گ. قادىربېكوۋا
ئوخشاش سەنئەتچىلەرنىڭ مەزـ
كۇر كونسېرۋاتورىيە شاگىرتلىـ
رى ئېكەنلىكىنى بىز مەغرۇرلۇق
بىلەن تىلغا ئالىمىز.

ـ جۇمھۇرىيەت مۇزىكا سەنـ
ئىتى ھەققىدە گەپ بولغاندا،
بىز موسكۋا، لېنىنگراد ئوخشاش
شەھەرلەرنىڭ مۇزىكاشۇناسلىرى
بىلەن مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ خاـ
لىسانە ياردەملىرىنى ئالاھىدە
تەكىتلەيمىز دەيدۇ،ـ كونسېرۋاـ
تورىيەنىڭ ئىلمىي ئىشلار خۇسۇـ
سىدىكى پرورېكتورى س. ئە.
كۈزىمبايېۋا.ـ بىزنىڭ كونسېرـ
ۋاتورىيەنىڭ بۈگۈنگىدەك يۈكـ
سەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىـ
شىدا ئۇلارنىڭ قوشقان ئۈلۈشى
زور. ھازىر كونسېرۋاتورىيەمىز
پەقەت مۇزىكا مۇتەخەسسىسلىرـ
نى تەييارلايدىغان ئالىي بىلىم
يۇرتىلا ئەمەس، بەلكى مۇزىكىـ
نى تەتقىقات قىلىدىغان ئىلمىي
مەركەزدۇر. قازاق خەلقىنىڭ داـ
ڭلىق پەرزەنتلىرىدىن بىرى ئاـ
كادېمىك ئەخمېت جۇبانوۋتىن
باشلاپ، مىللىي مۇزىكىمىزنى
ئەتراپلىق تەتقىقات قىلىپ كېـ
لىۋاتقان مۇزىكاشۇناسلار ئۆـ
سۈپ يېتىلدى. جۈملىدىن سەنـ
ئەتشۇناسلىق پەنلىرى كاندىداـ
تى دوتسېنت تامارەم ئەلىباقىـ
يېۋا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 12 مۇـ
قام قاتارلىق نادىر مۇزىكا ئەـ
سەرىنى تەتقىق قىلماقتا.

دەسلەپكى يىللىرى بۇ يەردە
ئۈچ يۈزدەك ستۇدېنت، ئوندەك
پېداگوگ بار بولغان بولسا، ھاـ
زىر 1200 دىن ئارتۇق ستۇدېنت
بىلىم ئالماقتا. ئۇلارغا 260 تەك
ئۇستازلار بىلىم بەرمەكتە. ئۇـ
لارنىڭ ئىچىدە 19 پروفېسسور،
60تىن ئوشۇق دوتسېنت بار.

مىللىي مۇزىكا مەدەنىيىتىمىزـ
نىڭ غۇرۇرى بولغان بۇ بىلىم
يۇرتى سەنئەت تەرەققىياتىغا
مۇناسىپ ئۈلۈش قوشماقتا.
مۇزىكا ساھاسىدا ئالىي مەلۇماتـ
لىق كادىرلار تەييارلاشتا قۇرمانـ
غازى نامىدىكى ئالمۇتا دۆلەت
كونسېرۋاتورىيەسى ئېلىمىزدا
يېتەكچى ئورۇنلاردىن بىرسىنى
ئىگەللەيدۇ.

ت. سۈيىنبايېۋ.

سۈرەتلەردە: كونسېرۋاتورىيەنىڭ سكرىپكىچىلار ئانسامبلى.

كومپوزىتور، سسسر خەلق ئارتىستى، پروفېسسور، كونسېرۋاتورىيە رېكتورى غازىزا جۇبانوۋا.

خور كوللېكتىۋى ناخشا ئېيتماقتا.

ئالىمغا ئامەت تىلەيمىز

ياقۇپجان ئۇيغۇر رايونىدىكى قېدىمىي
يېزىلارنىڭ بىرى باغقەتمەندە تۇغۇلۇپ ئۆـ
ستى. زېھىنلىق بالا كىچىكىدىنلا بىلىم ئېلىشقا
قىزىقتى ۋە تىرىشتى.ئۇنىڭدا بىلىمگە دېگەن
تەشنالىقنىڭ چېكى بولمىدى. شۇڭا ئۇ ئەـ
لاچى بولۇپ ئوقىدى. ئۇنىڭ قولىدىن زادى
كىتاپ چۈشمەتتى. ياقۇپجاننىڭ يادىغا دايىم
ل.مۇتەللىپنىڭ:

«ياشلىق ـ تىرىش، تىرماش، ھارماي
ئۆگەن،
بىلىمنىڭ دېڭىزى قايناق ۋە چوڭقۇر.
نادانلىق ئۇ، ھەممىنى بىلدىم دېگەن،
كورۇپ ۋاراقلاپلا بىر قۇر».

دېگەن مىسرالىرى كېلەتتى.

يا.رەخمەتۇللىننىڭ ئېسىل ئارمانلىرىغا ئېـ
رىشىشكە ھەممە ئىمكانىيەتلەر بار ئىدى.
شۇڭلاشقىمۇ ئۇ 1951ـ يىلى ئوتتۇرا مەكـ
تەپنى تاماملىغاندىن كېيىنلا تاشكەنت دۆلەت
دارىلفۇنۇنى خىمىيە فاكۇلتېتىغا چۈشتى.
ئوقۇش جەريانىدا ئۇ ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىنى،
ئىلىم ـ پەنگە مايىللىقىنى كۆرسەتتى. ستۇـ
دېنتلارنىڭ ئىلمىي ئومەكلىرىگە زوقلىنىش بىـ
لەن ئىشتىراك قىلدى.

1956ـ يىلى يا.رەخمەتۇللىن ئەلا باھالار
بىلەن ئوقۇشنى تاماملاپ چىقتى. ئائىلىۋى،ماـ
تېماتىكا مۇئەللىمى گۈلجاھان ئىككىسى بىر
ئاز يىللار ئالمۇتا ئوبلۇسى چېلەك يېزىسىـ
دىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىملىك قىلدى.
ئۆز كەسپىگە پۇختا ياش پېداگوگ خىمىيە،
فىزىكا پەنلىرىدىن دەرسلەرنى ئۇيغۇرچە،
رۇسچە، قازاقچە ئېلىپ باردى، مۇئەللىمەر،
ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئۇنىڭ ئابرويى چوڭ
بولدى.

ئاندىن ئۇ ئۈچ يىل داۋامىدا ئۆز ساھاـ
سى بويىچە موسكۋادا ئاكادېمىك م.ت.كوزـ
لوۋسكىي ۋە پروفېسسور ۋ.پ.گلادىشېۋلار
رەھبەرلىگىدە ئاسپىرانتۇرىدا ئوقىدى. ئۇنى
مۇۋاپپەقىيەتلىك تۈگىتىپ، بىر يىلدىن كېـ
يىن «ئامالگامىلىك ئېلېكترودلاردىكى نوبى
بىلەن تانتال ئېلېمېنتلىرىنىڭ ئېلېكتر ـ خىمـ
يەلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى تەكشۈرۈش» دېـ
گەن ماۋزۇدا كاندىداتلىق دىسسېرتاتسىيە
ياقلاپ، خىمىيە پەنلىرىنىڭ كاندىداتى دېگەن
ئۇنۋانىنى ئېلىشقا مۇيەسسەر بولدى. بىلىم
دۇنياسىنىڭ چوڭقۇرلىقىغا چۆكۈش نىيىتىدە
ياقۇپجان 1969ـ يىلىدىن باشلاپ ئائىلىسى
بىلەن ئالمۇتىدا ئاۋال خىمىيە ئىنستىتۇتىدا
كىچىك ئىلمىي خادىم بولۇپ، ئاندىن 1971ـ
يىلى دۆلەت تىببىي ئىنستىتۇتىدا دەسلەپ
ئاسسىستېنت، 1976ـ يىلىدىن دوتسېنت نامى
بىلەن ئىشلەپ كەلمەكتە. ئالىم «فىزىكىلىق
ۋە كوللوئىدلىق خىمىيە» پەنلىرىدىن 2ـ3ـ
كۇرس ستۇدېنتلىرىغا لېكسىيە ئوقۇيدۇ.

ياقۇپجان تىبابەتچىلىككە ئائىت كۆپلىگەن
ئەمگەكلەرنى يېزىپ، گېزىت ژۇرناللاردا ئېـ
لان قىلدى.

ئۇستاز ـ ئالىم بۇنىڭدىن15 يىل بۇرۇن
ئونىنچى سىنىپ خىمىيە دەرسلىرىنى ئۇيغۇر
سىنىپلىرى ئۈچۈن رۇسچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا
تەرجىمە قىلىپ چىققان، تا ھازىرقى كۈنگىچە
ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە شۇ دەرسلىك ئوقۇـ
تۇلماقتا.

ياقۇپجان رەخمەتۇللىنلار ئائىلىسى ـ ئۇـ
ستازلار ئائىلىسى. گۈلجاھان توختىيېۋا 25
يىلدىن بۇيان مەكتەپتە مۇئەللىم بولۇپ
ئىشلىمەكتە. چوڭ ئوغلى يۇسۇپجان تىببىي
ئىنستىتۇتنى تۈگەتتى.ھازىر خىرۇرگ بوـ
لۇپ ئىشلىمەكتە. مالىكجان بولسا، 10ـ سىـ
نىپنى تۈگىتىپ، تىببىي ئىنستىتۇتنىڭ بىـ
رىنچى كۇرسىدا ئوقۇماقتا.

ـ ھاياتتا ئىنسان ئۈچۈن بىرىنچى نۆۋەـ
تتە تەن ساقلىق، تەن ساق بولسا ئارزۇلارـ
نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قىيىن ئەمەس، ئالدىـ
مىزدىكى ئىككى ـ ئۈچ يىلغا مولجالانغان بۇـ
رۇنقى ئىشىمنى داۋاملاشتۇرۇپ، دوكتورـ
لۇق دىسسېرتاتسىيە ياقلىماقچىمەن،ـ دەيـ
دۇ ئالىم. دايىم پەنگە ساداقەتلىكتە بولغان
ئالىم ياقۇپجان رەخمەتۇللىنگە ئامەت تىـ
لەيمىز.

مۆمۈن ھەمرايېۋ.

ھەممە شارائىت يارىتىلغان

يازلىق تەتىلنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدىن باشلاپلا پىونېر لاگېرلىرى ئوقۇغۇچىلارنى كەڭ قۇچاق يېيىپ قارشى ئالماقتا. بالىلار تەبىئىتى گۈزەل مەنزىرىلىك جايلاردا كۆڭۈللۈك دەم ئېلىشقا باشلىدى.

ھەر يىلدىكىدەك مالۋاي ئوتتۇرا مەكتىۋىدىمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ يازلىق تەتىلنى ياخشى ئۆتكۈزۈشىگە ھەممە شارائىتلار يارىتىلغان. مەكتەپ يېنىدا «راھەت» ناملىق لاگېر ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، بۇ يەردە 200 دىن ئوشۇق ئوقۇغۇچى دەم ئالماقتا. لاگېردا تۈرلۈك سپورت ئويۇنلىرى بىلەن تۈرلۈك كونكۇرسلار ئۇيۇشتۇرۇلۇپ تۇرىدۇ.

«مەن ئالەمنى كۆرىمەن»، «ئويۇنچۇقلار»، «تېپىلىق ئاخشىملىرى» شارلىرى ئاستىدا ئۆتكەن چارە-تەدبىرلەر دەم ئالغۇچىلاردا قىزغىن تەسىرات ھاسىل قىلدى.

لاگېرنىڭ پىونېرلار ئۆيى ياخشى جابدۇقلانغان. ئۇنىڭغا ئىشلىنىدىغان ئىشلار پىلانى، پىونېرلار ھاياتىغا بېغىشلانغان ستېندلار ۋە فوتوسۈرەتلەر ئېسىلغان.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياخشى دەم ئېلىشى ئۈچۈن لاگېر باشلىقى كلارا ئابدىسانوۋا، تەربىيىچىلەردىن: روشەن ئۆزەربېكوۋا، مۇھەببەت سىدىقوۋالار بارلىق ئىمكانىيەتلەرنى پايدىلانماقتا. چوڭ پىونېر يېتەكچىسى مۇھەببەت خېلىلوۋا پىونېرلار بىلەن ئوكتەبرىياتلار ئارىسىدا تەربىيەۋى ئىشلارنىڭ ھەر خىل تۈرلىرىنى ئۆتكۈزمەكتە.

«راھەت» لاگېرىدا بالىلارنىڭ كۆڭۈللۈك دەم ئېلىشى ئۈچۈن «ماياك» تاماكا سوۋخوزى دىرېكسىيەسى تەرىپىدىن بارلىق مۇمكىنچىلىكلەر يارىتىلىپ بېرىلگەن.

ر. غېنىياروۋا،

مالۋاي يېزىسى، چېلەك رايونى.

ئۇسسۇلچى رەناگۈل

پەنجىم يېزىسى ھەۋەسكارلىرىنىڭ «شاتلىق» ئانسامبلىنى رايون ئاھالىسى ياخشى بىلىدۇ. چۈنكى مەزكۇر ئانسامبل ھەر قاچان قىزىق پروگراممىلارنى تەييارلايدۇ. ئانسامبل ئەزالىرى — كولخوزچىلار، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى. ئانسامبلنىڭ ئۇسسۇلچى قىزلىرىنىڭ بىرى رەناگۈل سېمەتوۋا بىيىل 3-سىنىپنى تۈگەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ يېشى كىچىك بولغىنىغا قارىماي، كۆپنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر.

رەناگۈل بىرىنچى سىنىپقا بارغان يىلىلا مەكتەپتە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت ھەۋەسكارلار بايقىشىدا «جانان» ئۇسسۇلىنى ئويناپ ئالدىنقى ئورۇننى ئىگىلىدى.

گۈزەل شەھرىمىزنىڭ يۈز يىللىقىغا بېغىشلانغان تەنتەنىلىك مەراسىملاردا جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ جاي-جايلىرىدىن كەلگەن مېھمانلار ئالدىدا رەناگۈل ئۆز ماھارىتىنى نامايىش قىلدى. شۇ يىلى ئۇ «ياركەنت غۇنچىلىرى» ئانسامبلىغا قوبۇل قىلىندى. مانا، موشۇ ئۈچ يىل ئىچىدە ئۇ ئۆز ماھارىتىنى خېلە ئاشۇردى، رېپېرتۇئارىنى بېيىتتى. بۈگۈن ئۇنىڭ رېپېرتۇئارىدا «قوچقىنىم»، «گۈلناز»، «داپ ئۇسسۇلى»، «دىلدار»، «شادىيانە» ۋە باشقىمۇ ئۇسسۇللار بار.

رەناگۈل كۆپلىگەن كونكۇرسلارغا قاتنىشىپ، دىپلوملارنى ئېلىشقا سازاۋەر بولدى.

ب. روزىيېۋ،

ھ. ۋېلىمەمۇۋ.

پانفىلوۋ رايونى.

تىكىنچى قىز

غەلىيە كىچىكىدىنلا چىرايلىق تىكىلگەن كىيىملەرگە ھەۋەس قىلاتتى. قانداق كەسىپ تاللىشى ھەققىدە سۆز بولغاندا: «ئۇ تەبىئىيكى، مەن چىرايلىق كۆينەكلەرنى تىكىدىغان تىكىنچى بولىمەن» دەيدىغان. ئۇ مەكتەپنى تاماملىغان يىلى سېلىنوگراد شەھىرىدىكى مەنشۈك مەمېتوۋا نامىدىكى تىكىنچىلىك فابرىكىسىغا شاگىرت بولۇپ ئىشقا ئورۇنلاشتى. مانا شۇنىڭدىن بېرى 6 يىل ۋاقىت ئۆتتى. ھازىر غەلىيە فابرىكىدىكى ئالدىنقى تىكىنچىلەرنىڭ بىرى. خۇلقى-مىجەزى ياخشى، كۆپ ئوقۇيدۇ، سپورت بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ. قىسقىسى ئۇ ئارمىنىغا يەتتى. ئۆتكەن قىشتا ئۇنى خەلق قازاقىستان سسر ئالىي سوۋېتىغا دېپۇتات قىلىپ سايلىدى. بۇ تىكىنچى قىزغا كۆرسەتكەن خەلقنىڭ زور ئىشەنچىسىدۇر.

سۈرەتتە: تىكىنچى گ. ت. ئامانوۋا.

ئانگلىيەدىن كەلگەن خەت

ئۇنتۇلماس تەسىرات

قىممەتلىك جاناپلار ۋە خانىملار! مەن يېقىندا ئوتتۇرا ئازىيەنى سەياھەت قىلىپ، ئەنگلىيەگە قايتتىم. بۇ سەپىرىمدە بولۇپمۇ ئالمۇتا شەھىرى ئالاھىدە تەسىرات قالدۇردى. دۇنياغا داڭلىق مېدېۋ سپورت كومپلېكسىنى كۆرگەندە، سوۋېت كوسموناۋتى گرىگورىي گرېچكونىڭ: «مېدېۋ سپورت كومپلېكسىنىڭ گۈزەللىكىنى، ئۇنى بىنا قىلغان ئادەملەرنىڭ ماھارىتىنى، ئۇنىڭ تەبىئىتىنى تەسۋىرلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلىدۇ» دېگەن سۆزلىرى كەلدى. بۇنىڭغا مېنىڭمۇ كۆزۈم يەتتى.

بىز «ئوترار» مېھمانخانىسىدا بولغان كۈنلەردە ئۇنىڭ مىللىي ئۇسلۇبلاردا نەقىشلەنگەن ئاشخانىسى، ھەر خىل رەڭلەردە بېزەلگەن تورۇسلىرى ماڭا ئىنتايىن ياقتى.

28 پانفىلوۋچىلار نامىدىكى پاركتا ئىككى مەرتىۋە بولۇپ، ئۇنى سۈرەتكە چۈشەردىم. ئۇرۇش قۇربانلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە يېقىلغان مەڭگۈلۈك مەشئەلنى كۆزىتىپ تۇرغان ياش ئەۋلادلار قانداق ياخشى تەربىيەلەنگەن. ئۇلارنىڭ كېلەچەكتە باتۇر، پاراسەتلىك بولۇپ چىقىشى سۆزسىز.

شەھەر ئاھالىسىنىڭ ھاياتى كۆڭۈللۈك، شادۇ-خورام. قەيەرگە بارساقمۇ، بىزنى ئىللىق چىراي بىلەن قارشى ئالدى. ھۆرمەتلەپ يول بەردى، ئورۇن بوشاتتى.

مەركىزىي بازار ئۆز ئالدىغا خاس گۈزەللىكى بار ئالاھىدە بىر دۇنيا ئىكەن. ئۇ يەردە كۆكتات، يەل-يېمىشلەرنىڭ خىلى كۆپ. مەن ئۆز پلانتاتسىيەمدە ئۆستۈرەي دەپ، بازاردىن گۈل ئۇرۇقلىرىنى سېتىپ ئالدىم.

بىزنى خەلق مۇزىكا ئەسۋابلىرى ئىنتايىن قىزىقتۇردى. قىز-كېلىنلەر ساز چېلىپ، ئۇسسۇل ئوينىدى. قانچىلىك چىرايلىق!

قىسقىسى ئالمۇتا مەندە ئۇنتۇلماس تەسىرات قالدۇردى. راستىنى ئېيتسام، يەنە بارغىم، كۆرگۈم كېلىدۇ.

ياخشى تىلەك بىلەن خەت يازغان

دژىم برۇك.

بۈيۈك ئالىملار ھاياتىدىن

دانىشمەن ئۇستاز

ئابۇئەلى ئىبن سىنانىڭ قولىدا تەلىم ئېلىش، ئۇنىڭغا شاگىرت بولۇش چوڭ ئابروي ئىدى. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئىككى ئاتا — بىرسى چوڭ باي، ئىككىنچىسى بىر كەمبەغەل ئۆز ئوغۇللىرىنى ئىبن سىناغا شاگىرتلىققا بەرمەكچى بولۇشتى.

— ئەي، ئۇلۇق تېۋىپ، ھۇزۇرىڭىزغا بالىلىرىمىزنى ئېلىپ كەلدۇق. تەربىيەڭىزگە ئېلىپ، شاگىرتلىققا قوبۇل قىلسىڭىز. سىزگە ئوخشاش تېۋىپ بولۇپ يېتىشسە ھەجەپ ئەمەس، — دېيىشتى. ئىبن سىنا رازىلىق بىلدۈرۈپ، ئۇلارنى سىناپ كۆرۈپ، ئاندىن شاگىرتلىققا ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئىبن سىنانىڭ بىر ئادىتى بار ئىدى. كىم ئۇنىڭغا شاگىرت بولۇپ كىرمەكچى بولسا، ئالدى بىلەن سىناقتىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن تېۋىپلىق ئىلمىنى ئۆگىتەتتى.

— بالىلىرىم، — دېدى كەلگەن يىگىتلەرگە قاراپ، — تاغۇ-تاشلار، كېزىڭلار، چۆل-باياۋانلارنى ئارىلاڭلار — دە، ھەر بىرىڭلار مىڭ دانىدىن چۆپ-گىيا تېرىپ كېلىڭلار.

ئىبن سىنا شۇنداق دېدى-دە، ئۇلارنىڭ ھەر بىرسىنىڭ قولىغا بىردىن خالتا بەردى. ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بالىلارنىڭ بىرىنچىسى كېلىپ، يىغقان گىيالىرىنى ئىبن سىنانىڭ ئالدىغا تۆكتى. ئۇنىڭ ھەممىسى شىپابەخش گىيالار ئىدى. بۇنى كۆرگەن ئىبن سىنا خۇشال بولۇپ سورىدى:

— بارىكاللا، ئوغلۇم، ئەڭ دورىلىق گىيالارنى تېرىپسەن. ئەندى بىر سوئالىمغا جاۋاپ بەرسەڭ، قېنى ئېيتقىنا، ئاياق قاپارغانغا نېمە داۋا بولىدۇ؟

— مېنىڭ تېۋىپلىقتىن خەۋىرىم يوق، — دېدى بالا، — سىزگە مەن ئەندى شاگىرت بولىۋاتىمەنغۇ.

ئىبن سىنا: «شۇ ئون كۈن ئىچىدە ئۆسۈملۈكلەر ئارىسىدا يۈرۈپ تېۋىپلىقتىن ئېلىپنىمۇ ئۆگەنمىدىڭمۇ، سېنىڭدىن تېۋىپ ئەمەس، ئېلىپساتار چىقىدۇ»، — دېدى كۆڭلىدە، شۇنىڭدىن كېيىن ئاۋازىنى چىقىرىپ:

— ساڭا رۇخسەت، ئوغلۇم، كېتىۋەر! بېرىپ ئېلىپساتارغا شاگىرت بول! — دېدى.

ئارىدىن بىر كۈن ئۆتۈپ، كەمبەغەلنىڭ ئوغلى يېتىپ كېلىپ، يىغقان كۆكاتلارنى ھەكىمنىڭ ئايىغى ئالدىغا تۆكتى. ئىبن سىنا ئىنتايىن خۇشال بولۇپ:

— بارىكاللا، بوتام، قېنى ئېيتقىنا، ئاياق قاپارغانغا نېمە داۋا بولىدۇ؟ — دەپ سورايدۇ.

— ياۋايى رەيھان بىلەن يالپۇزنى سۇدا ئېزىتىپ، ئاش تۇزىدىن كىچىككىنە سېلىپ يۇيۇش كېرەك، — دەپ جاۋاپ بەردى.

— چۆل-باياۋاندا قېلىپ، سۇ تاپالمىدىڭ دەيلى، ئۇسسۇزلۇقنى نېمە بىلەن قاندۇرۇش مۇمكىن؟ — يەنە سوئال بەردى بالىغا ئۇستاز.

— يانتاقنىڭ سۈيى ھەم تەشنالىقنى قاندۇرىدۇ، ھەم دەرمان بولىدۇ، — دېدى بالا جاۋاپ بېرىپ.

— رەھمەت، ئوغلۇم، سەن ئەندى ماڭا شاگىرتلا ئەمەس، پەرزەنتىمۇ بولدۇڭ!

ھايات ساۋىقى

ئىبن سىنا دانىشمەنلەرنىڭ دانىشمەنى، تېۋىپلارنىڭ تېۋىپى ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە شەھەرلىك بىر كىشى ئۇنىڭدىن سوراپ قالىدۇ:

— ئەي، ئۇلۇق تېۋىپ، سېنى مىڭ بىر كېسەلگە داۋا تاپقان تېۋىپ، دېيىشىدۇ. لوقمانى ھەكىمدىنمۇ ئۆتۈپ كېتىپسەن، شۇ گەپ توغرىمۇ؟

— گېپىڭ ناتوغرا، مەن نەدىن لوقمان ھەكىمدىن ئۆتۈپ كېتەي؟ ئۇ ھەزرەتكە كىچىك بىر شاگىرت بولسام، ئۆزەمنى دۇنيادا ئەڭ بەختلىك ئادەم ھېساپلاتتىم. مىڭ بىر دەرتكە داۋا تاپالمىغىنىمغا كەلسەم، بۇ سوئالىڭغا ھەم «ھەئە»، ھەم «ياق!» دەپ جاۋاپ بېرىمەن. «ھەئە» دېيىشىمنىڭ مەناسى شۇكى، كۆپ كېسەلگە داۋا تاپقانلىقىم توغرا، قولۇمدىن ئىنتايىن كۆپ بىمارلار شىپا تېپىپ كەتكەن. «ياق»نىڭ مەناسى شۇكى، ھېلىمۇ مەن بىلمەيدىغان كېسەللىكلەر كۆپ...

— ئۆلۈمنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇمكىنمۇ؟ — سورىدى ئۇ تېۋىپنى ئارامىغا قويماي.

— بۇ سوئالىڭىزمۇ جاۋاپ بېرىش مۇمكىن، — دېدى ئىبن سىنا. — ئۆلۈمنى داۋالاشنى بىلەلمىسەممۇ، ئامما ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئۆمرىنى ئۇزارتىش يوللىرىنى بىلىمەن.

— شۇنى ماڭىمۇ ئۆگەت! — دەپ گېپىدە تۇرىۋالدى ئۇ. ئىبن سىنا:

— مەيلى ئۆگىتەي، ئۆگىتىپ قوياي. مېنىڭ بىلەن بىللە ئۆزەم بىنا قىلغان باققا كىرسەڭ، ساڭا ئۆمۈرنى ئۇزارتىدىغان دورا بېرىمەن.

ئىبن سىنا شۇنداق دېدى-دە، ھېلىقى كىشىنى باشلاپ باققا ئېلىپ كىردى. ئۇنىڭ قولىغا بىر تۈپ چىنار بىلەن بىر تۈپ نەشپۈت كۆچىتىنى بەردى.

مانا بۇ چىنارنىڭ ئۆسۈشىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭ شاخلىرىدىن ئۆزەڭگە ئۆي سالىسەن، بۇ نەشپۈتنى مېۋىگە كىرگۈزۈپ، مېنى نەشپۈت سەيلىسىگە چاقىرسەن. شۇ ۋاقىتتىلا مېنىڭدىن ئۆمۈرنى ئۇزارتىدىغان دورىنى ئالالايسەن. شەھەرلىك ئادەم چىنارنى ئۆستۈرۈپ ئۆي سېلىشقا، نەشپۈتنى مېۋىگە كىرگۈزۈپ، ھوسۇل تويىغا ئىبن سىنانى چاقىرماقچى بولۇپ كېتىپتۇ، ئۇ ئۆزلۈكسىز ئەمگەك قىلىش نەتىجىسىدە ھايات زوقىنى بىلىپ ياشاپتۇ، شۇنداق قىلىپ، يۈز ياشتىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قاپتۇ.

قىسسىدىن خۇلاسە: ئۆمۈرلۈك دۇنيا ئىكەن، ئۆمۈرلۈك يېتەر مۇرادىغا، ئۆمۈرسىز ئۆزىنى قىلار ھالاك، ياخشى نىيەتلىك بولايلى.

پايدىلىق مەسلىھەت

يۈرەك ئاغرىقىدا

ھەسەل يۈرەك ئاغرىقىغا ئىنتايىن شىپالىق داۋادۇر. ئۇنى بەلگۈلۈك مىقداردا ئانارنىڭ شەربىتىگە قوشۇپمۇ ئىچىدۇ. بىر ئىككى ئاي ئۈزمەستىن كۈنىگە 140-150 گرام ھەسەل يېگەن ئادەمنىڭ ئەھۋالى پەرىقلەنگىدەك ياخشىلىنىدۇ. مەيدىسى قىسىلىپ، يۈرەك ھەرىكىتى ناچارلىغان ئادەمگىمۇ ھەسەل ياخشى ياردەم بېرىدۇ.

جىگەر ئاغرىقىدا

ھەسەلنى بولۇپمۇ جىگىرى ۋە ئۆت يولى ئاغرىيدىغان ئادەملەر كۆپرەك پايدىلىنىدۇ. ئۇنى بەلگۈلۈك مىقداردا پىشلاقتا، سەۋزىگە، لىمون شەربىتىگە قوشۇپ يېگەن پايدىلىق. بەزىدە چامغۇرنىڭ ئوتتۇرىسىنى كولاپ، ئۇنىڭغا ھەسەلنى تولتۇرۇپ قويۇپ 4 سائەتتىن كېيىن ھاسىل بولغان شىرنىنى ئۆت يولى ئاغرىيدىغان چوڭ ئادەمگە ئاش قوشۇغى بىلەن، كىچىك بالىغا چاي قوشۇغى بىلەن كۈنىگە 2-3 قېتىم بېرىش كېرەك. بۇ ئۇسۇل ئۆت يولى بىلەن بۆرەكتە تاش، قۇم يىغىلىشتىنمۇ ساقلايدۇ.

شۇنداقلا، بىر ستاكان ئىللىق مىنېرال سۇغا بىر ئاش قوشۇقى ھەسەل سېلىپ، ئۇنى ئاشتىغا ئىچىپ بىر يېرىم ياكى ئىككى سائەت يېنىچە يېتىپ، جىگەرگە ئانچىمۇ ئىسسىق ئەمەس گرېلكا قويۇش كېرەك. بۇ چاغدا جىگەرگە يىغىلىپ قالغان ئۆت ئاشقازانغا ئۆتۈپ، جىگەرنى يېڭىللىتىدۇ.

روزى قادىرى 60 ياشتا

كورنەكلىك ئۇيغۇر شائىرى روزى قادىرى ئاتمىش ياشقا تولدى. ئۇ 1925-ژىلى قەشقەر شەھىرى يېنىدىكى تاشمىلىق يېزىسىدا تۇغۇلدى. 1945-1947-ژىللىرى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بىلىم دەرگاھىدا تەلىم ئالدى.

روزى قادىرى 1955-ژىلدىن بۇيان سوۋېت ئېلىدە ياشاپ، ئىجات قىلماقتا. 1961-ژىلى ۋ.ئى.لېنىن نامىدىكى تاشكەنت دۆلەت دارىلفۇنۇنىنى تاماملىغان ر.قادىرى ئۆزبەكىستان دىيارىدا ھەقىقىي ئىجادىيەت يولىنى تاپتى. ئۇرغۇنلىغان شېئىرلار، چوڭ-چوڭ داستانلار ياراتتى. ئىلمىي ئىش ئۈستىدە ئىشلەپ بېرىپ، فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ كاندىداتى بولدى.

ر.قادىرى ئىجادىيىتىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قېدىمىي تارىخى، باي مەدەنىيىتى، ئارزۇ ئىنتىلىشى، ئىستىداتلىق پەرزەنتلىرىنىڭ تەغدىرى يۈكسەك بەدىي مەنزىرىلەردە كەڭ تەسۋىرلىنىدۇ. مەن ئۇنىڭ «قۇربان» دېگەن داستانىنى ئۆزبەك تىلىغا تەرجىمە قىلغانىمەن. شۇ ئەسىرنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا ئۇنىڭ ئۆز خەلقى روھىنى نە قەدەر چوڭقۇر بىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. بۇ داستاندا قۇرباننىڭ باسقۇنچىلارغا قارشى باتۇرلارچە كۆرىشى ھاياجان بىلەن ھېكايە قىلىنىدۇ.

يازغۇچىنىڭ «ئانا يۇرتۇم» داستانىدا ئانا يۇرتىنىڭ قېدىمىي، گۈزەل تەبىئەتلىرى ۋە ھۈنەر-ھېكمەتلىرى، قەشقەر، خوتەن، باي ۋە تۇرپان كەبى شەھەرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى، قىز-ژىگىتلىرىنىڭ دىلرابالىقى، باغ-ۋارانلىرىنىڭ بوستانلىقلىرى مېھرى-مۇھەببەت بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ.

قېدىمىي دىيار بۇ، ئۇيغۇر دىيارى،
گۈزەل قەشقەر يۇرتى، خوتەنۇ، تۇرپان.
قوينىدا ئۈچ مىڭ ژىل كۆركى، باھارى،
جاھاندا يېگانە، جاھانىي-جاھان.

ئەدىپنىڭ ۋەتەنپەرۋەر، ئېچىلىق ۋە دوستلۇق كۈيچىسى ئىكەنلىگى بارچىغا مەلۇم. «قۇتلۇق دىيار» داستانىدا دوستلۇق، قېرىنداشلىق قۇچىغىدا ئۆز بەختىنى تاپقان دانا، قۇدرەت ۋە كامىل كەبى ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ ھايات يولىنى كۆرسىتىپ بەرسە، «خىۋا گۈللىرى» داستانىدا خارازىملىك قولى گۈل، چەۋەر ئۆزبەك قىزلىرىنىڭ مەنىۋىي گۈزەللىگىنى، نەپىسلىگىنى، ئۇلار ياراتقان گىلەملەرنىڭ ئالەمشۇمۇل داڭقىنى مەدھىيىلەيدۇ. تىنىمسىز ئىجاتكار روزى قادىرى ئۆزبەك ۋە رۇس تىللىرىدا ئونلاپ شېئىرىي كىتاپلارنىڭ ئاۋتورى ۋە ئۇ كۆپلىگەن ئىلمىي ئەسەرلەر مۇئەللىپى.

ئاتمىش ياش! بۇ-شائىر ئۈچۈن ئىجادىيەتتە كامالەتكە يەتكەن دەۋر. مانا شۇ شەرەپلىك يولدا شائىرغا يېڭى-يېڭى ئىجادىي مۇۋاپپەقىيەتلەر تىلەيمىز.

ج.جاپپاردۇ،

ئۆزبەك شائىرى.

دوستلۇق قەلئەسى

دوستلۇق مۇھەببىتى بولۇپ بىر جاھان،
ھۆسنۇ-جامالىغا بەرمەكتىدۇر كۆرك!
سۇلۇۋ تەسۋىرىگە بايانىدۇر-بايان،
ئىنسانلار تىلىگى — مۇقەددەس بىر ئەرك!

نەۋ قىران، سولەتدار قامىتىگە رام-
يەتتە ئىقلىم كېلىپ ئالماقتا ئىبرەت.
ئالەم شەھەرلىرى باقىدۇ ھەيران،
سېنى ياساندۇرار جاسارەت، غەيرەت.

بىنالىرىڭ بېشى يەتتى پەلەككە،
پەلەككە يەتكۈزگەن دوستۇم-سىردىشىم.
ھەر بىرى ئەسىرلەپ ساقلار سالاپەت،
سۆيۈنۈشتىن كۆككە تاقاشتى بېشىم.

باغ، ئەينە، ياشلار ھەم، ھەتتا قېرى ھەم،
جوشقۇن بىر-بىرىدىن تېزكار-شىددەتكار!
ساڭا زەردىن توھپە تەييارلاشتا ھەم،
كۈندە زەركار، تۈندە بولۇپ شولدار.

بولسا نېمە ھۈنەر كۆرسەتمەكتىدۇر،
ۋىژدانى بۇرچلىرىن قىلىشىپ ئادا.
نان ھەققى، تۇز ھەققى، تەربىيات ھەققى،
جېنىمۇ، كۆچىمۇ سەن ئۈچۈن پىدا.

مەن بىلەن سوھبەت دەۋرانلار، ژىللار،
دەممۇ-دەم تىڭشايمەن بەشەر ئاۋازىن.
سىرىن ئېيتار ساڭا ئەركپەرۋەر ئەللەر،
ئۇلار تىلىگىدە يۈكسەك پەرۋازىڭ.



سۈرەتتە: ئىبراندا ئىستىقامەت قىلغۇچى ياش ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ بىر گۇرۇھى. (ئوڭدىن سولغا) مۇقامىيەت پىشىكار، پاشى قازاق، غالىي قازاق.

شىنجاڭ ئەدىپلىرىنىڭ ئىجادىيىتىدىن

«يېشىل ھايات»

قۇربان بارات 1946-ژىلى ئاتۇش ناھىيەسىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى تاماملىغان. ھازىر قۇربان بارات شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ ئۇيغۇر تەھرىراتىدا ئىشلەيدۇ.

شائىرنىڭ 200 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى، 9 باللادىسى، 4 پارچە داستانى ۋە بىر مۇنچە ئەدەبىي-نەزەرىيەۋىي ماقالىلىرى ئېلان قىلىندى.

بىز تۆۋەندە گېزىتخانلىرىمىزغا ھاۋالە قىلىۋاتقان شېئىرلارنى شائىرنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «يېشىل ھايات» توپلىمىدىن ئالدۇق.

چىمەن دوپپا

ئانا ھەيران خىلىدىن بېرى،
قۇندۇز چاچلىق ئوماق قىزىغا.
«ئوزگىرىشنىڭ نېمكىن سىرى
كىم كەلگەندۇ بىزنىڭ يېزىغا؟»
تاڭ پورىگى ئاچقاندا غۇنچە،
باغدا كۆرەر قىزىل لەيلىنى.
دوپپا تىكىش ئىلگىرى مۇنچە
تارتماتتىغۇ ئۇنىڭ مەيلىنى؟
كىچىك ژىگنە، رەڭمۇ-رەڭ ئىپەك،
ئاق خەسىگە ياسايدۇ نەقىش.
چىمەن دوپپا... كىمگىدۇ دېمەك
پات ئارىدا بولغۇسى بەخش.
ئويلار ئانا: ئۇ بەختى بار كىم؟
(ئانا قەلبى ھەممىدىن زېرەك).

دىۋانىنىڭ ھەيكىلى

دىۋانە- ئېگىز بويى، ئۇزۇن ساقال چال،
تىلەيدۇ شەھەرنىڭ كوچىلىرىدا.
ساماندەك ساغرىپ ئۇزارتىدۇ قول،
ئاشپۇزۇل يېنىدا،
دۇكان ئالدىدا.
شاماللار ئۇچۇرۇپ ژۈرگەن غازاڭدەك،
بۇ چالنى ھەر ياققا تاشلايدۇ ھايات.
ئۇ ئاجىز ژۇمۇتتە جان تالىشىدۇ،
كۆزىدە ئەلەملەر، قەلبىدە پەريات.
چال ئۇزۇق ئىزلەيدۇ قېرى جېنىغا،
تېيىنلار بولىدۇ تاپقىنى ئاران.
شېئىرلار ئوقۇيدۇ چېلىپ ساپايى،
شۇنچىلىك ئاھاڭدار، شۇنچىلىك راۋان.
بۇ كىملەر، قاچاندا ياراتقان قوشاق،
دىۋانە ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ بەلكىم.
لېكىن ئۇ ئوقۇشقا باشلىغىنىدا،
يېنىدا توختىلىپ ئوتىدۇ ھەر كىم.
ژىغىدەك تىترەڭگۈ مۇڭلۇق بىر سادا،
بۇلدۇقلاپ چىقىدۇ
مىسالى بۇلاق.
ئەسىرلەر نۇر چاچقان ئۆلمەس قوشاقلار،
روھىڭنى ئويغىتار،
سالىسەن قۇلاق.
ئويلايسەن سەنئەتنىڭ گۈزەللىگىنى،
سەنئەتكە نانكەبى مۇھتاجدۇر ئىنسان.
ئويلايسەن تارىخىي بىر مەدەنىيەت
لۆكچەكلەر قولىدا قىلىندى يەكسەن.
چېقىشتى، تاشلاشتى ئەخلەتخانىغا،
تالانتلار ئەقلىنىڭ يۇلتۇزلىرىنى.
كۆرىسەن قۇتىرىغان ياۋايىلىقنى،
كىتاپلار ئورنىدا كۈل ئىزلىرىنى.
نە كىتاپ، نە شېئىر، نە شائىر قالدى،

ئۇما ناخشىلىرى تۈركۈملىرىدىن

دالىدا

دولقۇنلايدۇ كۆز يەتكۈسىز بۇغدايزار،
ئاي نۇرىدا يالتىرايدۇ ژىراقلار.
باشاقلارنى سۆيۈپ ئوتكەن شامالدا،
ئۇچۇپ كېلەر ئەجەپ ئىللىق پۇراقلار.
ھوزۇرلىنىپ گۈزەل كېچە پەيزىدىن،
كوكرەك كېرىپ قىرلار ئارا ماڭغاندىم؛

ياخشى ژىگىت كۆيۈغۇل بەلكىم،
ئانا ئۇنى بىلىشى كېرەك.
سوئاللىرى قالار جاۋاپسىز،
كۈلۈپ يەرگە قارايدۇ قىزى.
گۈل تىكىدۇ بەزەن ئويقۇسىز،
كۆز ئاچقىچە چولپان يۇلتۇزى.
دوپپا پۈتتى، قۇندۇز چاچلىق قىز
ئۇنى ياغلىق قېتىغا ئالدى.
كۆرۈپ تەكچىدە دوپپىنى ئانا،
كۆز ئۇزەلمەي قاراپلا قالدى.
ئۇ دوپپىدا گۈزەل سەنئەتنىڭ
ئەجەپ نەپىس يەلپۈنىشى بار.
ئۇ دوپپىدا پاك مۇھەببەتنىڭ
ئىنتىزارى- تەلپۈنىشى بار.
. . . .

1960- ژىل ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى.

ھەممىسى ئۈستىدە كۆتەردى ئىسيان.
خارابە دۇنيادا قالدۇق قەۋرىدەك
پەقەت مۇشت بىردىن-بىر ئالىي ھوكۈمران.
شۇڭلاشقا كوچىغا چىققان كۆڭلىرىم،
مەن چالنى ئىزلەيمەن ئەلەملەر ئارا.
مەن ئۇنى ئىزلەيمەن ...
سالىمەن قۇلاق،
گۈزەل قوشىقىغا بولۇپ مەدىيا.
قېرى چال بىر پارچە نان غېمى بىلەن،
دۇنيادىن بىپەرۋا ئوقۇيدۇ قوشاق.
ئۇ پەقەت دىۋانە بولغىنى ئۈچۈن،
قاماقتا چۈشمەيدۇ يېمەيدۇ تاياق.
ئەگىشىپ ژۈرىمەن ئۇنىڭ كەينىدىن،
مەن ئاڭا ئەگەشكەن روھىي دىۋانە.
ئۇ ماڭا رادىو، ئۇ ماڭا كىتاپ،
ئۇ ماڭا نەشرىيات
ۋە مەكتەپ يەنە.
كەچلىرى خانەمگە قايتىپ كېلىمەن،
تۈنلىرى ئويقۇسىز سۈرىمەن خىيال.
قوشاقلار توغرىلىق ئويلار ئېكەنمەن،
قېرى چال كۆزۈمگە كۆرۈنەر دەرھال.
ئالدىمدا سەنئەتنىڭ قەۋرىستانلىقى،
كۆرىمەن ئەجداتلار سۆڭەكلىرىنى.
كۆرىمەن كويدۇرۇپ كۈلگە ئايلانغان،
خارلانغان ئەۋلاتنىڭ ئەمگەكلىرىنى.
گرانىت بىر مۇنبەر يۈكسەلگەن ئۇندا،
ئەتراپى سۆڭەكلەر، قەۋرىلەر ۋە قان.
ئۈستىدە شۇ چالنىڭ مەرمەر ھەيكىلى،
بۇلۇتلار ئىچىدە كۆككە بوي تارتقان.
ھېچ ئەجەپ ئەمەسكى مېنىڭ خىيالىم،
ھەيكەلگە مۇناسىپ ئۇلۇغ سەنئەتكار.
پەقەت شۇ دىۋانە بۇ ئاي-ژىللاردا،
بولماقتا سەنئەتتىن قالغان يادىكار ...

1968-ژىل مارت.

چەكسىز- كەڭرى ئېتىزلارغا يەتكەندە،
يوشۇرماستىن ئېيتىش كېرەك، تاڭ قالدىم:
شارتىلدىغان ئوغاقلارغا تەگكەش بوپ،
ناخشا- كۈلكە سادالىرى ياڭرايدۇ.
بەس-بەس بىلەن سول يارىدۇ ژىگىتلەر،
چەۋەر قىزلار ئۇنچە توشۇپ قالمايدۇ.

تەھرىر ھەيئىتى.

تەھرىراتنىڭ ئادرېسى: 480091، ئالمۇتا شەھىرى، فورمانوۋ كوچىسى، 88. تېلېفونلار: 82-60-62، 85-39-62. گېزىت-ژۇرنال نەشرىياتىدا نەشر قىلىنىدى. ئىندېكس-72877